# ئىزدىنىش

(تاللانما)

10 1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 10-سان
(ئومۇمىي 124-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 15-، 16-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇن قوزغۇۋېتەيلى**
—«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆزلەردىن تاللانمىلار ...................... بەي كېمىڭ، ليۇ شاۋرۇڭ، جېڭ كېياڭ، ۋېي لىچۈن، لېڭ رۇڭ، جاڭ جىشىن، لۈڭ يۇڭشۇ، چۈي چۈەنشېڭ(2)

**تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم**
.......................................... **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(22)**

**دۇنيانى كۆزىتىش، ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالى**
.......................................... **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(27)**

15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرەيلى .......................................... **ليۇ يۈنشەن(35)**

نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك .......................................... **لى جۈنرۇ(42)**

**★10-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

www.uyghurkitap.com

# چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇن قوزغىۋېتەيلى

—«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆزلەردىن تاللانمىلار

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ژۇرنىلىمىز بىلەن خەلق گېزىتى بىرلىكتە «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ "دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيە-سىنى ئۆگىنىش خىزمىتى يىغىنىدا" قىلىنغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. مەركىزىي كومىتېت، دۆلەت ئور-گانلىرى ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن كەلگەن سەككىز نەپەر مەسئۇل يولداش يىغىندا سۆز قىلدى. «خەلق گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى شۈي جۈگتيەن، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شىڭ بىسى سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. «ئىزدى-نىش» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىنىڭ باشلىقى دەي جۇ، «خەلق گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جاڭ يەننۇڭ قاتارلىق يولداشلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. تۆۋەندە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى تاللاپ باستۇق.

## تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزە-رىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىۋېتەيلى

**بەي كېمىڭ** (مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

يىقىندا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىشىپ دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. بۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. يىغىندا، يولداش جياڭ زېمىن ئىنتايىن مۇھىم سۆز قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدە دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتى، ئاساسىي مەقسىتى ۋە تۈپ تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ھالدا تەھلىل قىلدى ۋە شەرھلىدى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى پۇختا ھالدا قانات يايدۇرۇشتا، مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، مۇنداق تۆت جەھەتتىكى تونۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك. ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10—20 يىلغىچە بولغان ۋاقىت پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقىمىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەت-لىك بولۇپ قالىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا بىر قاتار يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، يەنە تېخى ئاز بولمىغان قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرگە دۇچ كېلىمىز. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خەۋپ-خە-تەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نېمىگە تايىنىمىز؟ ئەڭ ئاساسلىقى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىز-گە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىغا تايىنىمىز. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى پەقەت دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكنىڭ بولغانلىقى پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ زور ئىدىيىۋى-سىياسىي ئۈستۈنلۈكى ھېسابلىنىدۇ. بىز دۇنياغا يۈزلىنىش، جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيە-لىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىمىز ۋە تەقەززالىق تۇيغۇمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەلىپىنى تولۇق تونۇش لازىم. "يېڭى دولقۇن"نىڭ "يېڭى"لىقى نەدە؟ بۇ "يېڭى"-لىق كۆرۈنۈشتىكى داغدۇغا قىلىشتا ئەمەس، شەكىلۋازلىقنىڭ يېڭى نۇسخىلىرىنى قوغلىشىشتىمۇ ئەمەس،

بەلكى يېگى ۋەزىيەت ھەم ۋەزىپىلەرگە يۈزلىنىپ، ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەقىل-پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەشتە ئىپادىلىنىشى لازىم. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى، يېتەكچى ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى ۋە دەۋر روھىغا يېڭى شەرھلەرنى بەردى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادىي ھالدا تەتبىقلاپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوقۇم 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىمىزنى 15-قۇرۇلتايدا تەلەپ قىلىنغان يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسىنىڭمۇ پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى، پارتىينىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش-چوڭقۇرلاشتۇرالماسلىق، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقتا. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى ماركسىزمغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، توغرا ئۆگىنىش ئىستىلىنى قانداق تۇرغۇزۇش مەسىلىسىدە،"بىرنى مەركەز قىلىش" ۋە "ئۈچىنى كۆزدە تۇتۇش"نى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ—پارتىيىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ مۇھىم يەكۈنى، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ئىپادىسى. شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، 20 يىلنىڭ مابەينىدە ئۆگىنىش ئىستىلى جەھەتتە بىزدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. لېكىن ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ توغرا بولماسلىق مەسىلىسى بەزى پارتىيە ئەزالىرى جۈملىدىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، مەسىلەن، كىتاببازلىق، ھۆججەتتىكىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش، ھۆججەتتىكىنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىش؛ پراگماتىزم يولىنى تۇتۇش، ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىش، ئۆزىگە كېرەكلىكىنىلا ئۆگىنىۋېلىش؛ شەكىلۋازلىق قىلىش، كۆرۈنۈشتە داغدۇغا قىلىش، يۈزەكى ئىش قىلىش ۋەھاكازالار. بۇنداق ناچار ئۆگىنىش ئىستىلى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەتراپلىق، توغرا تەتبىقلىشىمىزدىكى توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ئوبرازىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ، پارتىيە ئىشلىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىدۇ. بىز بۇخىل ناچار ئۆگىنىش ئىستىلىغا قارىتا ئاكتىپلىق بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ، سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش

جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئۆگىنىشتىكى نەمۇنىسى بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇش لازىم. سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، نەزەرىيىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش جەھەتتە، نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئاڭلىق ئۆزگەرتىش جەھەتتە تىرىشىپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۈلگىسى بولغاندىلا، ئاندىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش داۋامىدا رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. تۈزۈم قۇرۇلۇشى تۈپ، مۇقىم خاراكتېرنى ئالغان بولۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىزچىل، چوڭقۇر ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سۈرۈش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم.

## دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى زور

**لىيۇ شاۋرۇڭ** (مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)

مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا تەشكىلات تارماقلىرى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىز باشلامچىلىق بىلەن ئوبدان ئۆگىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىز يەنە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

1. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىلا بولۇپ قالماي، جىددىي رېئال ۋەزىپىمۇ ھېسابلىنىدۇ. بىز دۇنياغا يۈزلىنىش، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەسىر

ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، بۇ نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش سەۋىيىمىزنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

2. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش لازىم. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى، ئىدىيىۋى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش ۋە ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم. ئىشنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە بولغان تۈرلۈك ناتوغرا تونۇشىنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشكە قارىتا يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىققا ئىگە بولغان ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىنى بەلگىلەپ، ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئېنىق تەلەپ قويۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەسلى ئەسەرلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ”بىرنى مەركەز قىلىش، ئۈچنى كۆزە تۇرۇش“ تەلىپى بويىچە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئوبدان يولغا قويۇش، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكنى تېپىپ چىقىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ ياخشى ئىشلەش لازىم. «ئۈچتە تۇرۇش»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىچىدە بىر قىسىم ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە، ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق ھالدا مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان تۆت جەھەتتىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم. رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قورالىنى قولغا ئېلىپ، ئاكتىپ ۋە ساغلام بولغان ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم.

3. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ پۇختا، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات

يايدۇرۇلۇشى ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ھالدا بىلىم ئاشۇرۇپ تەربىيىلىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە كادىرلار مەكتەپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ئۆگىنىشكە ۋە تۈرلۈك مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە كۇرسلىرىغا پىلانلىق ھالدا قاتناشتۇرۇپ، تەربىيىلەش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي گۇرۇپپىنىڭ ئۆگىنىشىنى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە مەركەزنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارماقلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ھەر قېتىملىق ئۆگىنىشتە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر-ئىككى نۇقتىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم؛ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى بىلەن باغلاپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قورالىدىن پايدىلىنىپ ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەتتە تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتتە تۇرۇپ ئۆگىنىشى ھەققىدە كونكرېت، ھەقىقىي ئاقىدىغان پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاڭلىق ئۆگىنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. تۆتىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە مەكتەپلىرى (كادىرلار مەكتەپلىرى)گە ئاپىرىپ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىپ تەربىيىلەش، دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىش، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى ئاياغلاشتۇرۇش ۋاقىتلىرىدا قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەش لازىم؛ نەزەرىيە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى تەكشۈرۈش-نىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش لازىم، شەخسلەر خىزمەتتىن مەلۇمات بەرگەندە ئۆگىنىشتىنمۇ مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلىش، دېموكراتىك باھالاشتا ئۆگىنىش ئەھۋالىغىمۇ باھا بېرىش، ئۆگەنگەن بىلەن ئۆگەنمىگەن، كۆپ ئۆگەنگەن بىلەن ئاز ئۆگەنگەن، ياخشى ئۆگەنگەن بىلەن ياخشى ئۆگەنمىگەن ئوخشاش بولۇپ قالىدىغان ھالەتنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش لازىم.

## تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك

**جېڭ كېيالڭ** (مەركىزىي كومىتېت سىياسەت تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى مەملىكىتىمىز ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ نېگىزلىك ئىشنى ياخشى تۇتۇشىغا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىكتۇر. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمـ يۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەزمۇن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ— 15-قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنىڭمۇ ئاساسىي مەزمۇنى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن مېڭىمىزنى ھەقىقىي ھالدا قوراللاندۇرۇشىمىز كېرەك؛ يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىپ، ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىمىز دەيدىكەنمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىشىمىز كېرەك؛ چىڭىش، مۇرەككەپ بولغان، ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت ئالدىدا، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، رەھبەرلىك سەۋىيىمىز ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىمىزنى ئۈنۈملۈك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چىرىتىشنى توسۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەۋپ-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىمىز دەيدىكەنـ مىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئىگىلىشىمىز ۋە ئوبدان تەتبىقلىشىمىز لازىم.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، 15-قۇرۇلتايـ نىڭ روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش لازىم. بۇ— نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېڭى تەلەپ. نۆۋەتتە ئالاھىدە مۇھىم بولغىنى شۇكى، مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالىنى تونۇش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، ئومۇمىي

مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش جەھەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتىلغان "چوڭلىردىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش" فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

رەھبىرىي كادىرلار يەنە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشى لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن: "ئۆگىنىش ئۇسلۇبىمىز دۇرۇس بولسا، ئىشلىرىمىز گۈللىنىدۇ؛ ئۆگىنىش ئۇسلۇبىمىز دۇرۇس بولمىسا، ئىشلىرىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ" دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ سەممىي، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە سۆزىدە تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبە-ساۋاقلار چوڭقۇر ھالدا يىغىنچاقلاپ بېرىلگەن. ئۇ كۆرسەتكەن خىلمۇخىل ناچار ئۆگىنىش ئۇسلۇبى كۆپچىلىككە سىگنال بەردى. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە، چوقۇم ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ، ئىدىيە ۋە خىزمەتتە خىلمۇخىل بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىر-بىرىگە باغلانماسلىق، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىش بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىش، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولماسلىقتەك ناچار كەيپىياتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىشنى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم مەسىلە دەپ قاراپ، ئۇنى ھەقىقىي ھەل قىلىشىمىز لازىم.

## دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتبىقلاپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرەيلى

**ۋېي لىچۈن** (گوۋۇيۈەن تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

يېقىندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئۇقتۇرۇش»نى چىقىرىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق بايان قىلدى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى ھەققىدە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈرۈش ئۇقتىسدىن قارىغاندا، مەيلى بىز يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر، دۇچ كېلىۋاتقان پۇرسەت ۋە سىناق بولسۇن، ياكى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشى بولسۇن، ھەممىسى بىزنىڭ تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز، ھەرىكەتكە يېتەكچە-لىك قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھاتىمىز ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا كىردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز ھالقىلىق مەزگىلگە قەدەم قويدى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەر مەۋجۇت، مەسىلەن، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھا-تىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان رېئاللىشىش شەكلىنى ئىزدەپ تېپىش، تەقسىمات قۇرۇلمىسى ۋە تەقسىمات ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا قارىتا ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىش، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىقلار، ۋەزىپە ئېغىر، قىيىنلىق دەرىجىسى زور. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق راۋاجلانماقتا، دۇنيانىڭ پەن-تېخنىكىسى ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشمەكتە. بىز ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇھىتقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا، بىز يەنە مۆلچەرلەش قىيىن بولغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ۋە خەۋپلەرگە يولۇقىمىز. بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات بويىچە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئىگەللىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز، ئاندىن توغرا سىياسىي يۆنىلىشىمىزنى ساقلاپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىز ۋە كۈچىمىزنى ئاشۇرالايمىز.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە راۋاجلاندۇ-رۇشنىڭ ئۈلگىسى. 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بەرپا قىلىشتا، كادىرلار ۋە ئاممىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا داۋاملىق يېتەكلەپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئۇنداق ياكى بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى

ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىشنىڭ بىر تۈپ مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ”ئىككى تەۋرەنمەسلىك“نى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر، دېمەك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىشتىن تەۋرەنمەسلىك كېرەك؛ كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشتىنمۇ تەۋرەنمەسلىك كېرەك. پەقەت بۇ ”ئىككى تەۋرەنمەسلىك“ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بەرپا قىلىشقا پايدىلىق شارائىت يارىتقىلى بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدا بايلىقنى تەقسىملەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان قىلىشمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىشنىڭ بىر تۈپ مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىدىغان ياكى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان ئىدىيە ۋە ئۇسۇلنىڭ ھەرقاندىقى خاتا ھەم زىيانلىقتۇر. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتا، شۈبھىسىزكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. قىسقىسى، ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر تەرەپلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىلمىي سىستېمىسى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ ئوبدان مۇجەسسەملەپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

## زور تارىخىي پەيتتە نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

**لېڭ رۇڭ** (مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

يېقىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقاردى، باش شۇجى جياڭ زېمىنمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىمىزنىڭ بىر قىممەتلىك تەجرىبىسى شۇكى، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ھەر قېتىم زور تارىخىي پەيتتە تۇرغاندا، ھەمىشە نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ھەمىشە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي

www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتقان ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى كۈچەيتكەن. ھازىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى زور تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، مۇنداق ۋاقىتتا مۇشۇ تەجرىبىگە ئەھمىيەت بېرىش، مۇشۇ تەجرىبىدىن ياخشى پايدىلىنىش ئالاھىدە زۆرۈر. ئۆتكەننى ئەسلىسەك، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرى ۋە نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىشى جەمئىي ئۈچ قېتىم بولغان، ھەر قېتىمقىسى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم پەيتىدە بولغان، ھەر قېتىمدا نەزەرىيە ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن.

بىرىنچى قېتىمقىسى 1983-يىلى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» (1975—1982) يەنى 2-توم نەشردىن چىققان ۋاقىتتا بولغان، پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىغان يېڭى دەۋرگە كىرگەن، پۈتۈن پارتىيە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە تارىخىي قارارلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش دولقۇنىنى كۆتۈرگەن، شۇ ئارقىلىق ئىدىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پۈتۈن زېھن بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ئاتلانغان.

ئىككىنچى قېتىمقىسى 1993-يىلى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشردىن چىققان ۋاقىتتا بولغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى بەلگە قىلىنغان ھالدا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا كىرگەن. 14-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆگىنىش دولقۇنىنى كۆتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى قېتىمقىسى، يەنى مۇشۇ قېتىمقىسى. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى تىكلىگەن ھەم بۇ مۇھىم مەزمۇننى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزگەن؛ ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر ھەر تۈرلۈك زور ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. مەملىكىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى يەنە بىر قېتىم زور تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى زور تارىخىي پەيتتە ئومۇمىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ چىقارغان ھەل قىلغۇچ قارار.

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش توغرىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى

ھەم يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا ئەڭ مۇھىم: بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، 15-قۇرۇلتاينىڭ تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغايمىز دەۋاتىمىز، ”يېڭى دولقۇن“نىڭ يېڭىلىقى مانا مۇشۇ. ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بەرگە، سۇبيېكتىپ دۇنيانىمۇ تىرىشىپ ئۆزگەرتىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىشنى، سىياسەتنى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، ئىدىيۋى-سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان ھەر خىل گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش، ھۆججەتنىكىنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىش، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىش، خالىغىنىچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش، شەكىلۋازلىق قىلىش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق قاتارلىق ھادىسىلەرنى تۈگىتىش لازىم.

## رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى دولقۇنىدا نەمۇنىلىك رولىنى ئوينىشى كېرەك

**جاڭ جىشىن** (مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

نۆۋەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى دولقۇنى پۈتۈن پارتىيە دائىرىسى ئىچىدە قوزغالماقتا، بۇ يېڭى دولقۇندا كەڭ رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى ئوينىشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇنداق رولنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەش ئاساسىدا دېڭ شاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى، ئومۇمىيلىق ئېگى دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چۈشىنىشتىكى بىر ئاچقۇچ. بىز دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىيلىقنى ۋە خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەش نۇقتىسىدىن چىقىپ، ۋەزىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز ئاندىن يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ بىرىنچى ئورۇندىكى تۈپ مەسىلە ئۈستىدە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا چوڭ پرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدە چىقارغان ئىلمىي يەكۈنلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز؛ ئاندىن مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ئىچكى ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاڭلىق ھالدا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دۇنيانى كۆزىتىش، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال ھەم ئومۇمىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان جان قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنەلەيمىز ۋە تەتبىقلىيالايمىز، بېيىتالايمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايمىز.

ئىككىنچى، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىنى، نەزەرىيىۋى تېمىسى ۋە نەزەرىيىۋى جەۋھىرىنى، ئىلمىي سىستېمىسى ۋە دەۋر روھىنى يېڭى نۇقتىدىن شەرھلىدى، ئىجادىي ھالدا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىرقاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى ھەمدە يېڭى نەزەرىيىۋى ھۆكۈم ۋە زور تەدبىرلەرنى شەكىللەندۈردى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشتا يېڭى يۇكسەكلىككە يەتكەنلىكىنى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاش، بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. شۇڭا، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، 15-قۇرۇلتاينىڭ تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئاندىن دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان ئىلمىي تونۇشىمىزنى ۋە ئىجادىي ھالدا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرەلەيمىز، ئاندىن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىمىزنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەلەيمىز.

ئۈچىنچى، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى

كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال، ھەم سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال. سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراش تىكلىگەندىلا، ئاندىن توغرا مەيداندا تۇرۇپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇرەككەپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تونۇغىلى بولىدۇ؛ پەقەت ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىچكى مۇھىتتا، ئۈزلۈكسىز تۇردە كونا، قالاق كۆزقاراشلارنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يۈرەكلىك بىلەن ئىزدىنىپ، شىجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—ئىلمىي نەزەرىيە، تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان نەزەرىيە. ئۇ ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ ھەم ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. پەقەت نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئۆگەنگىلى، ھەقىقىي چۈشەنگىلى ۋە كارغا كېلىدىغانىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگەنسەك، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى ئىگەللىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئۆگىنىشنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئەمەلىيەت جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بەشىنچى، ئۆز رايونى ۋە ئۆز تارمىقىدىكى ئۆگىنىشنى ياخشى تەشكىللەش ۋە ياخشى يېتەكلەش ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىدا باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رول ئويناپ، ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك دېگەن تەلەپنىڭ ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا تەلەپ قىلىنغان يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز تارمىقى، ئۆز رايونىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تەشكىللەپ، ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش كېرەك. بۇ ئىككىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەم بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پەقەت ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگەنگەن ھەم ياخشى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش سالاھىيىتى بولىدۇ؛ پەقەت ئامما ئارىسىغا چۆكۈپ، ئاممىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەندىلا، ئاندىن ئامما ئارىسىدىن ئوزۇق ئېلىپ، تەجرىبىنى يەكۈنلەپ، ئۆزىنى بېيىتىپ، تونۇش سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئاممىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانى

بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل پىلانلاش، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈش جەريانىدا كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشى، سەممىيلىك بىلەن ئاممىنى ئۇستاز تۇتۇشى، ئاممىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئاما ئارىسىدىن ئوزۇق قوبۇل قىلىشى، ئاممىنى تەربىيىلەش جەريانىدا تەربىيە ئېلىشى، ئۆگىنىشنى تەشكىللەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

## دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش — ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچى

**لۇڭ يۇڭشۇ** (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى)

مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشىق قىلىش توغرىسىدا يېڭى پىلان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم تەرەپلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئىزاھلاش كېرەك. ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىي نۇقتىسىدىن، خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىسى ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى نۇقتىسىدىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم خەلقئارا مۇھىت نۇقتىسىدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇنى ۋە رېئال ئاساسىنى تولۇق ئېچىپ بېرىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە سىستېمىلىق ھالدا شەرھلەشكە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىدىكى ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشقا تىرىشىش كېرەك.

ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

مەسلەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قانداق بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى؛ يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش يولى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسى؛ مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى سىنىپ ۋە تەبىقە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش مەسىلىسى؛ شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ۋە ئانالىز ئېلىپ بېرىپ، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقىمىز ھەم قەتئىيلىكىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز، قارىغۇلۇق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن ئېخمۇ ئۈنۈملۈك نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ۋە قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلمىي ئاساستا يۈرەكلىك بىلەن ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە مەسلىھەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. يېقىنقى مەزگىللەردە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى، كونا سانائەت بازىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، پۇل مۇئامىلە خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش مەسىلىسى، جۇڭگوچە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش مەسىلىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، تەدبىر بەلگىلىگۈچى تارماقلارنى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

تۆتىنچى، تارماق پەننىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ھەم چوڭقۇر ئىزدىنىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ شۇ تارماق پەنگە دائىر مۇھىم بايانلىرى ۋە ئىدىيىسىنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ئىگەللەش ھەم سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە شەرھلەش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە، ئەدەب-ئەخلاق، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، مىللەت، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات، مالىيە-سودا قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر بايانلىرى توغرىسىدا ھازىر يېزىلىۋاتقان ۋە نەشىردىن چىققان مەخسۇس ئەسەرلەر ھەر خىل تارماق پەن نۇقتىسىدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى شەرھلەپ بېرىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يىلنىڭ ئاخىرى ۋە كېلەر يىلنىڭ بېشىدا نۆۋەت بىلەن چىقىرىشقا تىرىشىش كېرەك.

بەشىنچى، نۆۋەتتە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەققىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مۇجمەل تونۇش ۋە ئىدىيىۋى گاڭگىراشلارنى كۆزدە تۇتۇپ، نەزەرىيە

بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاكادېمىيىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر مۇشۇ جەھەتلەردە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىلمىي داۋلى، تەپسىلىي ماتېرىيال ھەم چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق، رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەزى پاسسىپ ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىپ ۋە ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە جەلپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

ئالتىنچى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يېتىش كېرەك. ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى ياخشى قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا. ھۆججەتتىكىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش، ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ ھېسابلاش، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىش، ئۆزىنىڭلا ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش، سۇبيېكتىپ ھالدا ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق ناچار ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش؛ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، قالايمىقان شامال چىقىرىش قاتارلىق سۇبيېكتىپچىلىق ۋە مېتافىزىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش؛ پەن تەتقىقات خادىملىرىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشقا، "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىلمىي مەسىلىلەردە ھەممە ئېقىملارنىڭ بەس-بەستە سايرىشىنى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىپ، بىر قىسىم زور نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ئىلگىرىلەش، بۆسۈپ ئۆتۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك.

يەتتىنچى، نەزەرىيە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىز مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەرقايسى نۇقتىلىق تارماق پەنلەردە بىر تۈركۈم ئىلمىي باشلامچىلارنى تىرىشىپ تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، ئىدىيە جەھەتتە ئۆتكۈر، بىلىمى مول، ئەمەلىيەتكە باغلىيالايدىغان ماركسىزمچى نەزەرىيىچى قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. ئوتتۇرا ياش ۋە ياش نەزەرىيە تايانچلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، سىياسەت جەھەتتىن زۆرۈر دەرىجىدە ئېتىبار بېرىپ، يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ئىمكانقەدەر تېز ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

# ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەش، ئومۇمىيلىقتا بويسۇنۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك

**چۈي چۈەنشېڭ** (ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 77 يىل بولغان خاتىرە كۈنىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاشكارە «ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، ئارقىدىنلا دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۆزى يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز سۆزلىدى. مۇشۇنداق زور تەدبىرلەر يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە چوڭقۇر ئۈمىد كۈتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. قانداق قىلىدىغاندا مەركەزنىڭ چىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ مېنىڭ تەسىراتىم، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنچىدە تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەرىكەت جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە ئاڭلىق بولۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەت ئومۇمىيىتى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەش، ئومۇمىيلىقتا بويسۇنۇشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئومۇمىيلىق — پارتىيە ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، سىياسەتنى تەكىتلەش ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكىلەر ئوبدان ئېيتقان: "ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتمىغان كىشى بىرەر جاينىڭ ئىشىنىمۇ تۇزۇك باشقۇرالمايدۇ." نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئىجتىمائىي، زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، خەلقئارادا ھەر خىل ئىدىيە، مەدەنىيەت ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىستراتېگىيىچىگە خاس سەگەك كاللا ۋە كەڭ نەزەرگە ئىگە بولۇش، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشقا، ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇش ئەڭ ئاساسلىق ساپا ھېسابلىنىدۇ؛ يۇقىرى ئاڭلىقلىق بىلەن ئومۇمىيلىقتا بويسۇنۇش، ئومۇمىيلىققا خىزمەت قىلىش، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇش ئاساسىدا خىزمەتنى ياخشى قىلىش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئەڭ تۈپ سىياسىي تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. مەنپەئەت مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، بەزى ئىشلار قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار، ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار، بۇنداق چاغدا ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش كېرەك؛ بەزى ئىشلار قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار بولسىمۇ، ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن

قارىغاندا قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار بولسا، بۇنىڭدىمۇ ئۇمۇمىيلىققا بويسۇنۇش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈ-رۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ چوڭ داۋلىسى، چوڭ قانۇنىيىتى ۋە چوڭ يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ بىزنىڭ ئۇمۇمىيلىقنى ئىگەللىشىمىزدىكى ئەقىل مەنبەيىمىز، ئۇمۇمىيلىققا بويسۇنۇشىمىزدىكى ئالىي يىلتىزى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇمۇمىيلىقنى ئىگەللەش، ئۇمۇمىيلىققا بويسۇنۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل تەربىيىلىنىش، بىر خىل مەنزىل، بىر خىل مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا بىرخىل تەس ئەمما تىرىشىپ يېتىشى قىلىشى شەرت بولغان ئىش.

ئىككىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، سىياسىي ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خۇددى ئىدىيىۋى لۇشيەن، سىياسىي لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشقا ئوخشاش، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشقىمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مۇستەھكەم سىياسىي ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز كېرەك. مەركەز بەلگىلىگەننى چوقۇم قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز، مەركەز چەكلىگەننى چوقۇم قەتئىي تۈزىتىشىمىز، مەركەز تەشەببۇس قىلغىنىغا چوقۇم ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىمىز كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئۇمۇمىيىتىگە، جۇڭگو سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش، بۇنىڭدا يېرىم-يارتا ئۆگىنىشكە، رەسمىيەتچىلىك قىلىشقا، يۈزەكى ئۆگىنىپ قويۇپلا بولدى قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئېغىزدا دېگىنى بىر خىل، ھەرىكەتتە قىلغىنى يەنە بىر خىل بولۇشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا قارىتا، پارتكوم ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىشى، شۇجى چوقۇم ئۆزى قوماندانلىق قىلىشى، باشلىقنى تۇتۇش، باشلىق تۇتۇش، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇش ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈ-رۈشتە چىڭ تۇرۇش، ”بىرنى مەركەز قىلىش، ئۈچنى كۆزدە تۇتۇش“تەك ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا

چىڭ تۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پارلاق نەمۇنىسى بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىدىكى ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەزەرىيە جەھەتتە نۇرغۇن يېڭى بۆسۈش، يېڭى تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردى. 15-قۇرۇلتاينىڭ تېمىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تېمىسى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇننى قوزغاشنىڭمۇ تېمىسى. بىز چوقۇم 15-قۇرۇلتاينىڭ تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەمەلىيەتكە تۈرتكە بولۇش ۋە ئەمەلىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش ئۈچۈن، مۇشۇ چىقىش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگەللىشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياسىن مۇھەممەت**
**قاھار پولات**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا بىنائەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى چاقىرغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمىتى يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى. يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى“نى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم نۇتقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، پىكىر ئالماشتۇردى، بۇ ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى جەھەتتىكى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا نەزەرىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن، شۇنداقلا پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، مەركىزىي كومىتېت ”ئۇقتۇرۇشى“نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىغىن پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغىشىغا، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەتكۈسى.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم نۇتقى كەسكىن، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتقان، سەممىي، چوڭقۇر مەنىلىك ھەم ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇپ، چوڭقۇر يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. نۇتۇقتا ئەسىر ھالقىپ تەرەققىي قىلىشتەك تارىخىي يۈكسەكلىكتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم رولى مۇپەسسەل

بايان قىلىنغان، پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشى، ئىگەللىشى ۋە ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئىلگىرىلەش نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يولداش جياڭ زېمىن نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسىنى يېقىن چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇننى قوزغاشتىكى "يېڭىلىق"مانا مۇشۇ يەردە؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشتا غەيرەتكە كېلىش كېرەك، "غەيرەت"نى مۇشۇ يەردە كۆرسىتىش كېرەك؛ نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆلچەشتە، كۆزدە تۇتۇلىدىغان نۇقتىنىمۇ مۇشۇ جەھەتلەرگە قويۇش كېرەك. دېمەك بۇنىڭدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى نىشان، ۋەزىپە، پرىنسىپ، ئۇسۇل ۋە تەلەپلەر ئىنتايىن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

نۆۋەتتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئوبدان تۇتۇشتا. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەركىزىي كومىتېت «ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىنى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم نۇتقىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم. ئۆگىنىش داۋامىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىقنى، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى لازىم؛ چوقۇم مەركەزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى، خىزمەت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشى، ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئۆگىنىشكە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى لازىم. پارتكوم ئۆگىنىشكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. تەشكىلات، تەشۋىقات تارماقلىرى پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇر، پۇختا، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشى لازىم؛ چوقۇم ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىشى لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىش ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇللۇق قۇرۇلۇش بولغاچقا، ئۇنى پۇختىلىق بىلەن، قەتئىي بوشاشماي ئىزچىل تۇتۇش لازىم، بىر دەم چىڭ تۇتۇپ، بىر دەم بوش تۇتۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، يۈزەكى ئىش قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىسلاھات، قۇرۇلۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتكە باغلاش، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، ئەمەلىي ئۈنۈم هاسىل قىلىش جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەنىۋى يۆلەنچۈكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنى توغرىلاش كېرەك. ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ئۆگىنىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىگىلەپ، بۇ جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلارنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، بۇرچ تۇيغۇسىنى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان قىلىش كېرەككى، ئۇلار ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ئۆگىنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆگەنمىسەممۇ، ئۆگەنمىسەممۇ كارى چاغلىق دەيدىغان ئىدىيىنى تۈگەتسۇن؛ خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان، خىزمەت ئەمەلىي نەرسە، ئۆگىنىش مەۋھۇم نەرسە، ”ياخشى ئۆگەنگەندىن كۆرە ياخشى ئىشلەش تۈزۈك“ دەپ ھېسابلايدىغان، ياكى ”ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا ئىشلەشنى دەسسىتىدىغان“ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇجمەل تونۇشلارنى تۈزەتسۇن؛ زۆرۈر بولمىغان مېھماندارچىلىقنى ئازايتىپ، ئەيش-ئىشرەتكە، يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا قىلىشقا بېرىلىپ كېتىدىغان، ”ئۆگىنىش كەيپىياتى سۇس، ئويناش، تاماشا قىلىش كەيپىياتى قويۇق“ بولىدىغان خاتا قىلمىشلارنى قەتئىي توسسۇن.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، توغرا ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ—پارتىيىنىڭ روناق تېپىشى ياكى خاراب بولۇشىغا ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور سىياسىي مەسىلە. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئۆگىنىش ئىستىلىمىز توغرا بولغاندا، ئىشلىرىمىز روناق تاپقان؛ ئۆگىنىش ئىستىلىمىز توغرا بولمىغاندا، ئىشلىرىمىز زىيانغا ئۇچرىغان. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى شۇنى تەكىتلىدىكى، ماركسىزمنى ئۆگىنىشتە، چوقۇم ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىش، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەتنى ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. بۇ ”بىرنى مەركەز قىلىش، ئۈچنى كۆزدە تۇتۇش“ پارتىيىمىز ئۆتمۈشنى خۇلاسىلەپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ چىقارغان توغرا خۇلاسە، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى. بۇ ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئەسلى ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بېرىلىپ ئىزدىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي

سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشى ۋە ئىگەللىشى لازىم، يۈزەكى ئۆگىنىپ قويۇپلا بولدى قىلىپ، چالا-بۇلا بىلىش بىلەن قانائەتلەنسە بولمايدۇ، ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، ئۆزىگە كېرەكلىكىنىلا ئۆگىنىۋېلىشتەك پروگماتىزم يولىنى تۇتسا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەتىبقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن مېڭىنى قوراللاندۇرۇپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەر تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋېتىپ، كىتابىتكىنى ئاساس قىلىشتەك ئۇسۇللارنى چۆرۈپ تاشلىشى، لازىم؛ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى، ئىچى بىلەن سىرتى بىردەك بولۇشى كېرەك، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان ياكى ئۇلگە قىلىپ كۆرسىتىش، ئۆزىنى بېزەش ئۈچۈن يۈزەكى ئىش قىلىپ، شەكىللىۋازلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك؛ چوقۇم پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئاكتىپ ئىزدىنىش ۋە راسچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەيپىياتىنى تىرىشىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، ياخشى روھىي كەيپىيات بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق بىر ئىشنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ياخشى روھىي كەيپىيات بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشمۇ ئوخشاشلا شۇنداق بولىدۇ. روھىي كەيپىيات دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، جەڭگىۋارلىقىغا، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىغا، ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياخشى روھىي كەيپىيات ئۆز-ئۆزىدىن شەكىللەنمەيدۇ، پەقەت ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن ئۇنى تۇرغۇزغىلى ۋە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق ۋە ياخشى روھىي كەيپىيات بىلەن، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇشى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى، ياخشى ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە خىزمەت ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشى، پارتىيىگە ۋە خەلققە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشى، ھەر خىل چىرىكلىككە قارشى كۈرەش قىلىشى لازىم.

ئۆگىنىشنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۆگىنىشتە چىڭ ئىرادىنىڭ بولۇشى ئەڭ مۇھىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا ھەقىقىي تۈردە نەمۇنىلىك-باشلامچىلىق رولىنى ئوينىشى، باشقىلاردىن كۆپرەك، ياخشىراق ئۆگىنىش، باشقىلاردىن توغرىراق، ئەتراپلىقراق ئىگىلەش، باشقىلاردىن ئۈنۈملۈكرەك، نەتىجىلىكرەك تەتبىقلاش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ

نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئالغا سۈرۈپ، ئىدىيىدە ۋە خىزمەتتە دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى ھەقىقىي يوسۇندا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
ئەركىنجان

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم

# دۇنيانى كۆزىتىش، ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال قىلىپ ۋەزىيەتنى ئىگەللەش، دۇنيانى كۆزىتىش، ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇش—بۇ ھەم دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ تارىخىي يەكۈنى، ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار چوڭ ئىشنى غەلىبىلىك ئورۇنداشتىكى ئەڭ مۇھىم تەدبىرى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن 15-قۇرۇلتىيىغىچە، مەركىزىي كومىتېت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى كىشىلەر قەلبىدە كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشتى. يېقىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەمدە مەخسۇس خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىشنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىملىقىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇستەھكەم ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى.

تارىخنىڭ ئۆزى ئەينەك. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودا تارقىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈش جەريانى ئوڭۇشسىزلىققا تولغان جەرياندۇر. پارتىيە ۋە خەلق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇشنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تاللىغان، چۈنكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن باشقا ھېچقانداق نەزەرىيە يوق ئىدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېچىپ بەرگەن يېزا ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش، قورال ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولىغا مېڭىشتىن باشقا ھېچقانداق يول

يوق ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا پارتىيە ۋە خەلق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە نەچچە ئون يىل قايتا-قايتا سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىشنى تارىخىي يوسۇندا تاللىدى. چۈنكى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ماركسىزمنى ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن باشقا ھېچقانداق نەزەرىيە يوق، يولداش دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىك قىلىپ تىكلىگەن ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەندىن باشقا ھېچقانداق لۇشيەن يوق. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بارغانسېرى روناق تېپىپ تەرەققىي قىلدى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا پارتىيىمىز بارغانسېرى پىششىپ يېتىلمەكتە، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىل مابەينىدە، پارتىيىمىز خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشنىڭ سىنىقىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەر خىل-ھەر ياڭزا قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيا-لىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك كەسىپ-لەردە دۇنيا كۆز يۇمغۇسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايانغانلىقتىن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تايانغانلىقتىن بولغان.

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى مەركىزىي كومىتېت ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە سادىق ۋە مول ئىجادچانلىقتا ئۇنى ئەمەلىيەتچىلەردۇر. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇشۇ نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى. بىز 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرماقچى، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلماقچى، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات

ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولىدىكەنمىز، ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىگە ۋە تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىگە تايىنىشىمىز كېرەك.

ھازىرقى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، پۈتۈن پارتىيىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالغا جەزمەن يېقىندىن تايىنىشىمىز كېرەك. دېڭ شاۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئارقىلىق پۈتكۈل ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئازاد قىلىش، ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەلگىلەپ بەردى. 15-قۇرۇلتايدا چىقىرىلغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىر قاتار مۇھىم بۆسۈپ ئۆتۈشلەر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يەنىمۇ بېيىتىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋرگە يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئەندىزىسى ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساس سېلىندى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە باشتىن-ئاياق ئومۇمىيلىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغاندا، ئىش بېجىرگەندە مۇشۇ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، ئومۇمىيلىق تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا پايدىسىز ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم. ئەمەلىي خىزمەتتە ئومۇمىيلىقنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىگىلەش بەزى چاغلاردا ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. مەسىلەن، بەزى يولداشلاردا ھازىرغىچە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشتە ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشقا ئوخشاش نۇقسانلار ساقلانماقتا. بۇ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسىي ئېقىم بولمىسىمۇ؛ لېكىن ھەقىقەتەن بىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغاشقا تېگىشلىك بىر ئىش. پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بىر تەجرىبىسى شۇكى، ھەر قېتىم ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش زور تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەيتكە دۇچ كەلگەندە ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ۋە نەزەرىيە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشكە ھەممىشە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلدى. ئىسلاھاتنىڭ ئاتاكىغا ئۆتۈش باسقۇچىدا، تەرەققىياتنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە بۇ تەجرىبىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ياخشى تەتبىق قىلىشىمىز ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، 15-قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى 15-قۇرۇلتاي روھى بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

بىز ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىپ، زىياندىن ساقلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالغا يېقىندىن تايىنىشىمىز كېرەك. ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇرەككەپ، چىگىش خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئېلىپ بېرىلماقتا. بولۇپمۇ 90-يىللاردىن بۇيان دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى بارغانسېرى روشەنلەشتى، كۆپ خىل ئىدىيە، مەدەنىيەت بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق راۋاجلاندى، دۇنياۋى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۆچقاندەك تېز بولدى، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتى. ئۇنۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ياخشى تارىخىي پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى؛ شۇنداقلا بىزنىڭ جىددىي خىرىسنى باتۇرلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. خىرىس ئالدىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە ئىگە بولدۇق، مانا بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتىكى ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكى ۋە ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئاساسىي تېما دېگەن مۇھىم ھۆكۈمى، «مەسىلىلەرگە ئومۇميىلىقتىن قاراش، دۇنياغا نەزەر سېلىش، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش، كۆز ئالدىمىزغىمۇ نەزەر سېلىش، ھەرقايسى جەھەتلەرگە نەزەر سېلىش» توغرىسىدىكى سەممىي تەلىمى، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇشتىكى ئاچقۇچ ئىگىلىكنى

راۋاجلاندۇرۇشتا» دېگەن دانا تەلىمى بىزنى دۇنيادىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى كۆزىتىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچ بىلەن تەمىن ئەتتى، بەلگىلىگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇشىمىزنى مۇھىم رېئال ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرساقلا، ئاندىن دۇنيا تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى يۈنىلىش ۋە يېڭى يۈزلىنىشلەرنى سەگەكلىك بىلەن ئىگىلەپ، مۇرەككەپ، چىگىش خەلقئارا ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئىشلارنى بىلىپ، سۇ كەلگىچە توغان تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتايدا تەلەپ قىلىنغاندىكىدەك پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، كونىلىقتا ئىسلىۋالماي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، توغرا ئالغا ئىلگىرىلەش يۈنىلىشىدە باشتىن-ئاياق چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇپ، توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇپ، ئىشلىرىمىزدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئامان بولۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

نۆۋەتتە ئىسلاھاتنىڭ ئاتاكا جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا، جەزمەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى پۈتكۈل ئىگىلىكى ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلما تەڭشەش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات بىر قاتار چوڭ-چوڭ قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان چوڭقۇر قاتلامدىكى بىر قىسىم زىددىيەتلەر تولۇق ئاشكارىلانماقتا، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە سەللا ئېھتىياتسىزلىق يۈز بەرسە، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سەللا مۇۋاپىق بولماي قالسا، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. 15-قۇرۇلتايدىن بۇيان مەركەز يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملاش، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى رەتكە سېلىش، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرگە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئىچكى بازارلارنى يەنىمۇ ئېچىش، ئېكسپورت مىقدارىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كۆپەيتىش، خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى داۋاملىق ساقلاش قاتارلىق بىر قاتار توغرا تەدبىرلەرنى قوللاندى، شۇڭا ئېلىمىز ئاسىيا

پۈل مۇئامىلە ۋەقەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى، ئىقتىسادنىڭ ئۇدا ئېشىشىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، پۈتكۈل ۋەزىيەتتە ئاساسەن ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ساقلاپ قېلىندى. بىز چوقۇم مەركەز بېكىتىپ بەرگەن بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز ۋە قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، تەستە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇنى زورايتىشىمىز لازىم. بۇندىن كېيىن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا مۆلچەرلىگەن ۋە مۆلچەرلىمىگەن ھەرقانداق قىيىنچىلىق ھەم خەۋپ-خەتەرلەرگە دۇچ كېلىشىمىزدىن قەتئىي نەزەر، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى توپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىجادىي روھنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرىدىغانلا بولساق، چوقۇم بارلىق مۈشكۈلات، خەۋپ-خەتەر ۋە توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەشنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

پارتىيىمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، كادىرلار قوشۇنىنى ياخشى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالغا چىڭ تايىنىشىمىز كېرەك. ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى پارتىيىمىزگە باغلىق، كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ سۈپىتىگە باغلىق، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ سۈپىتىگە باغلىق. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، كادىرلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ئۇلارنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇرەككەپ، يېڭى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە، تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى ۋاقتىدا تونۇش-تونۇماسلىق ۋە ئۇنى ۋاقتىدا تۈگىتىش-تۈگەتمەسلىك، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇش-تۇرماسلىق پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئالدىدىكى بىر جىددىي سىناق. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىدىكى چېنىقىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىدا ناھايىتى زور يۈكسىلىشلەر بولدى. زور كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە پائال ئويغۇنلىشىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، چېنىقىشلارنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ، ئۆسۈپ يېتىلدى. بىراق يەنە بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئالغا بېسىش كويىدا بولماي، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارماي، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئارقىدا قالدى؛ يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار تۈرلۈك چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشى ۋە سىياسىي بوران-چاپقۇننىڭ تەسىرى ئاستىدا غۇلاپ چۈشتى. شىددەتلىك دولقۇندا لاي-لاتقىلار ھامان شاللىنىپ

كېتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلار ئىنتايىن چوڭقۇر. كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئورتاق بىر سەۋەب شۇكى، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ، كاللىدا ماركسىزم كەمچىل ھەتتا ماركسىزم يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم كادىرلاردا، جۈملىدىن رەھبىرىي كادىرلاردا يەنىلا ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقتەك ئەھۋاللار ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بەزىلەردە ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋەس كەمچىل، ئۇلار كۆپ بويى زۆرۈرىيىتى بولمىغان مېھماندارچىلىق-زىياپەت بىلەن پاي-پېتەك بولۇپ يۈرىدۇ؛ بەزىلەر تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ، بېرىلىپ تەتقىق قىلمايدۇ، يۈزەكىلا تەتقىق قىلىپ بولدى قىلىدۇ، يېرىم-يارتا بىلىۋېلىپلا قانائەتلىنىپ قالىدۇ؛ بەزىلەر نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئايرىۋېتىدۇ، كىتابقىلا ئېسىلىۋالىدۇ، دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن ھەل قىلمايدۇ ياكى ھەل قىلىشنى بىلمەيدۇ؛ بەزىلەر ئۇ يەر-بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە لازىملىق سۆزلەرنىلا ئۈزۈۋالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ توغرا بولمىغان چۈشەنچىسىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە مەركەزنىڭ روھى دەۋالىدۇ؛ بەزىلەر ياسالمىلىق قىلىدۇ، يۈزەكى ئىش كۆرىدۇ، شەكىلۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئەمەس، دېگىنى باشقا، قىلغىنى باشقا. ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ توغرا بولماسلىقى ماركسىزمغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ توغرا بولماسلىقىدۇر، سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتۇر، ھەتتا سىياسىي مەيدانىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدۇر. بۇنداق ئەھۋاللار گەرچە بىر قىسىم كىشىلەردىلا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور، شۇڭا ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنداق ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز كېرەك. كادىرلىرىمىز پەقەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى سەممىي-سادىقلىق بىلەن قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى تۈپ نېگىزىدىن يۈكسەلدۈرۈپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن ئىگىلەش ئاساسىدا، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ساھەسىنى ئاساس قىلغان ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ۋە چۈشىنىشكە ماھىر بولۇپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىيىن مەسىلە قاتارلىقلارغا جاۋاب بېرەلىگەندىلا، ئاندىن يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك رەھبەر بولالايدۇ. نەزەرىيىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىش

ئارقىلىق، پارتىيىمىز ساپاسى ىرقەدەر يۇقىرى بولغان رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچلىك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
مۇھەممەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم

# 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرەيلى


**ليۇ يۈنشەن**


دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ تېمىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى 15-قۇرۇلتاي روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچنى 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى چوڭ ئىشى، شۇنداقلا پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىنىڭمۇ بىرىنچى چوڭ ئىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنى دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى، كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىغا ئىگە قىلدى. پۈتۈن پارتىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىشى كېرەك.» دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش—پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، پارتىيىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. بىز پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى، جۇڭگو سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىدەك سىياسىي

يۈكسەكلىكتە ۋە دەۋر تەلىپى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇشىمىز لازىم.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىلدا، مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىدە، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىر تۈركۈم زور تەتقىقات تېمىلىرى بەلگىلەندى ۋە يولغا قويۇلدى، بىر تۈركۈم تەتقىقات بازىسى قۇرۇپ چىقىلدى، بىر تۈركۈم نەزەرىيە خادىملىرى توپلاندى، بىر تۈركۈم مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش ئىشى پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەرگە يېڭى تەلەپمۇ قويىدى. يېقىندا مەركەز «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىشىپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز چوقۇم مەسئۇلىيىتىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇرچىمىزنى ئېنىق تونۇپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نادىر، سالمىقى بار ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىپ چىقىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان ئىلمىي تونۇشىمىزنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتىمىزنى، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاڭلىقلىقىمىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز، ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىمىزنى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانى ۋە تەتقىقات خىزمىتىدە قانداق قىلىپ 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئاكتىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

**بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسە-نىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك.** دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىز-مى. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—تۈپ تومۇرىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرغاندا، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا باشتىن-ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى ساقلىغىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تونۇپ يەتكىلى ۋە ئىگەللىگىلى، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇپ، چىگىش-مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە، نەزەرىيىۋى ئاساسقا ۋە ئىدىيە-ۋى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بىز پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ھەر بىر خىزمەتچى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە ئاساسىي روھىنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھەم ئوخشاش بولمىغان ساھە نۇقتىسىدىن نەزەرىيىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىشىمىز ۋە چۈشىنىشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق تەتقىقاتىمىزغا يېتەكچىلىك قىلغىلى، شۇنداقلا مۇشۇ نەزەرىيىنى ئۇستىلىق بىلەن تەتقىقات خىزمىتىمىزگە تەتبىقلىغىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، بىز ئىشلەۋاتقان ئىشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھالدا تەتقىق**

www.uyghurkitap.com

**قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك.** ھازىر، ئىسلاھاتىمىز ئاتاكا قىلىش باسقۇچىدا، تەرەققىياتىمىز ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا، ئۇرغۇنلىغان زور رېئال مەسىلىلەرگە نەزەرىيە جەھەتتىن جاۋاب بېرىشكە، ئۇرغۇنلىغان چوڭقۇر قاتلاملىق تونۇش مەسىلىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، ئۇرغۇنلىغان ئىدىيىۋى تەشۋىشلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر خىزمىتىدە چوقۇم بىز ئىشلەۋاتقان ئىشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا، ھازىرقى دۇنيادىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرگە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، جانلىق ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ تەتبىقلاش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن، ئىككى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلىنى زىچ چۆرىدەپ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى كۈچەيتىش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىرىنى يولغا قويۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسەتنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان ئاساستا، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە نۇقتىلىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلەنگەن، مىللىي، پەننىي، ئاممىۋى تۈسنى ئالغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە نۇقتىلىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. تەتقىقاتنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى ئارقىلىق، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز لازىم.

پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانى ۋە تەتقىقاتىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر زور رېئال مەسىلىلەرنى ئاساسىي نىشان قىلىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، تارماق پەن قۇرۇلۇشىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر. ئاساسىي تەتقىقات، ئەمەلىي تەتقىقات، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئارا، كىرىشمە پەنلەر تەتقىقاتى

ۋە تارماق پەندىن ھالقىيدىغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتتا، ھەرقايسى تارماق پەنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، شۇ تارماق پەننىڭ ۋە ئالاقىدار تارماق پەنلەرنىڭ پىشقان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شۇ تەتقىقات ساھەسىدە ۋە ئالاقىدار ساھەلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نامەلۇم ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، توغرا ۋە ئېنىق چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىپ، تەتقىقاتنىڭ مول، ئەلا نەتىجىلىرى ئارقىلىق پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش لازىم.

**ئۈچىنچى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۇگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.** ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى—ماركسىزمغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى، پارتىيەنىڭ روناق تېپىشى ياكى خاراب بولۇشىغا ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە، ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيىۋى لۇشيەنگە ياتىدىغان مەسىلە. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىنىڭمۇ ئېسىل ئەنئەنىسى. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش دېگەنلىك ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، بىلىشىمىزنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئەمەلىيىتىمىزنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بىز چوقۇم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى سەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە، كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈمەي پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان يېڭى كۆزقاراش ۋە يېڭى يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز لازىم. ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش، ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىش، شەكلىۋازلىق قىلىش، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىماسلىقتەك ناچار كەيپىياتلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، ئۆگىنىش بىلەن تەتبىقلاشنى، سۆز بىلەن ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك كەيپىياتىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىلمىي، پۇختا بولغان پوزىتسىيىنى تىكلەش لازىم. بىز ھەر بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ياكى ئەسەرنىڭ يەن ھەقىقەتنى كەشىپ قىلىپ، يەن ئەسەرلىرىدىن بولۇپ چىقىشىنى تەلەپ قىلالمايمىز، لېكىن بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزدا ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇشى شەرت. بۇ، توغرا ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلىپى. يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش كېرەككى، كونىلىققا ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ؛ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش كېرەككى، باشقىلارنىڭكىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ؛ بېرىلىپ تەتقىق قىلىش كېرەككى، يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ؛ تونۇلمىغان ئادەم بولۇشقا رازى بولۇش كېرەككى، نام-مەنپەئەتنى قوغلىششقا بولمايدۇ؛ ئىشنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش كېرەككى، قول ئۇچىدا ئىشلەشكە بولمايدۇ. ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بولغاندىلا، ئاندىن پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرالايمىز، تەتقىقات سەۋىيىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز، شۇنداقلا كۆپلەپ نەتىجە يارىتىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز.

**تۆتىنچى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.** خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەملىكىتىمىزدە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىچكى تەلىپى، شۇنداقلا بىزنىڭ بىر ئاساسىي تەجرىبىمىز. دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانى ۋە پىلانغا كىرگۈزۈلىدىغان تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقات خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن دادىل ئىزدىنىشكە، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشكە ئىلھام بېرىپ، ئىلمىي كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش، ئىلمىي تەتقىقاتنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم. ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەت ئېلىپ ۋە دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىگە تۈرتكە بولۇپ، بىللە ئۆسۈشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر خىزمەتچىلىرىنىڭ يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، "ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىنژېنېرى" دېگەن شەرەپلىك نامغا يارىشا ئۆزىگە تەلەپ قويۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىسىنى ۋە ئىلمىي ئىشلار جەھەتتىكى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىش، ئورۇنسىز مۇنازىرىنى ئېلىپ بارماسلىق لازىم. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي ئاڭنى، ئومۇمىيلىق ئېڭىنى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيلىققا، سىياسىي يۆنىلىشكە، تۈپ پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەردە توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش لازىم؛ ئىدىيىۋى تونۇشقا دائىر مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاكتىپ يېتەكلەش، كىشىنى داۋلى بىلەن قايىل قىلىش لازىم. ئىلمىي مەسىلە بىلەن سىياسىي مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، غەيرەتكە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىشلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر مۇھىم مەسئۇلىيەتنى

ئۈستىگە ئالغان، پىلاننى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ زور. پىلاننى باھالاش گۇرۇپپىسى ئەسىر ھالقىيدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانىنى ئوبدان تۈزۈپ چىقىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ يەردە ئولتۇرغان تارماق پەن باھالاش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مەشھۇر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار، جۈملىدىن ھەرقايسى تارماق پەنلەرنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ، ئىلمىي ئىشلار جەھەتتە تازا پىشقان ئادەملەردۇر، مەن كۆپچىلىكنىڭ بىر-بىرىگە سەممىي مۇئامىلىدە بولۇپ، چىن نىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، توغرا يۆنىلىشنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، باھالاشقا يوللانغان تەتقىقات تېمىلىرىنى ئوبدان باھالاپ، بىز ئىشلەۋاتقان ئۇلۇغ ئىشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

*** (بۇ، يولداش لىۋ يۈنشەننىڭ 4-ئاينىڭ 25-كۈنى 1998-يىللىق مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى بولۇپ، ئېلان قىلىنغاندا قايتىدىن رەتلەندى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم**

# نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك

**لى جۈنرۇ**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»تا بىزگە: "پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى ۋە بىر مەزگىللىك خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى زىچ چۆرىدەپ، كادىرلار ۋە ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەم ئۆگىنىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىپ، مۇجمەل مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش ۋە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش" كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. يولداش جياڭ زېمىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، چوقۇم ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش كېرەك، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش-باغلىماسلىق يالغۇز ئۆگىنىش ئۇسلۇبى مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر سىياسىي مەسىلە، ئۇ ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تېپىشى ياكى ھالاك بولۇشىغا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك؛ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈش-بىرلەشتۈرەلمەسلىك نەزەرىيە جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ مۇھىم يوليورۇقلارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئۇيۇشتۇرغان چاغدا، ئەمەلىيەتكە زىچ باغلاپ، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىشىمىز، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى چوڭقۇر قاتلامدىكى بەزى ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك.

## (1)

بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك دېگەنلىكىمىز، ئەڭ نېگىزلىكى، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە ۋە خىزمىتىدە بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۆزى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق تۈرلۈك مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، تۈرلۈك خاتا كۆزقاراشلارنى تۈزىتىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دېمەك، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئۇيۇشتۇرغان چاغدا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىگە سىرتتىن قوشقان تەلەپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرمىغاندا، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشمىغاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىدىكى ۋە خىزمىتىدىكى يېتەكچى ئورنىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تىكلەش قىيىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى دەپ ئېيتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، مۇجمەل مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش، چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش نۆۋەتتىكى بىر مۇھىم ھەم جىددىي ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت. يېڭى ئەسىر ھالقىش يولىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا كىردى، تەرەققىيات ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا، مۇقىملىق بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ قىسمەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ يىل زىيان تارتىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قىيىنلىشىشى، ئىش ئورنىدىن قالغان ۋە ئىشسىز قالغان خادىملارنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن، بەزى كادىرلار ۋە ئامما ئىچىدە قىسما-قىسما ئوي ۋە سۆز-چۆچەك پەيدا بولدى. بۇ ئوي ۋە سۆز-چۆچەكلەر سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك، دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، دەسلەپكى باسقۇچتا سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك دېگەن نېمە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر قاتلامدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىگە تاقالدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئەگەر كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ مۇشۇ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىدىن چەتلەپ كېتىپ، قۇرۇقتىن قۇرۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كادىرلار ۋە ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان زور مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداش خىزمىتىمىزنىڭ بىر مۇھىم نىشانى بولۇشى كېرەك.

## (2)

دەرۋەقە، چوڭقۇر قاتلامدىكى بۇ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىن بىر ئىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، تىرىشىپ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. ئەينى يىللاردا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمچى نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىدىن مول يېڭى پاكىتلارغا ئاساسەن، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى تولۇق قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە دەلىللەر بىلەن يېڭىدىن دەلىللەشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”بۇ ھەرگىز بۇرۇنقى كىتابلاردىكى نېمىلەرنى سەل-پەل ئۆزگەرتىپلا كۆچۈرۈپ قويۇش بىلەن ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابىي مۇتەپەككۇرلاردىن تازا ئەجىر قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئالىيجاناب، ئىجادىي، ئىلمىي خىزمەت.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 388-بەت) بۈگۈنكى كۈندە، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشمۇ بۇرۇنقى كىتابلاردىكى نېمىلەرنى سەل-پەل ئۆزگەرتىپلا كۆچۈرۈپ قويۇش بىلەن ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭدىمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىجادىي روھ ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ۋە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھازىر بىز دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ئەمەلىي مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئۇيغۇنلاشمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەردۇر. بۇ ھال بىزدىن بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ۋاقتىدا، ئالدى بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى شۇنىڭدەك نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئۇيغۇنلاشماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كادىرلار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر، قىيىن مەسىلىلەرنى كونا تۈزۈلمە كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، ھەمدە كونا تۈزۈلمە يېپىپ كەلگەنىدى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بۇلارنى ئېچىپ تاشلىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىش ئورنىدىن قېلىش ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭ ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان تۈرلۈك مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسىدۇر. زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلىپ بېرىپ، دەسمايىنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش جەزمەن ئۆتمۈش-تىكى ئەمگەك ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن توقۇنۇشىدۇ، جەزمەن

ئۆتمۈشتىكى يىپىلىپ قالغان مەسىلىلەرنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۇنى جەزمەن ئىسلاھات ئارقىلىق پەيدىنپەي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئۇيغۇنلاشماي قېلىشىدا، ھەم ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىلمىي نەزەرىيىدە چېكى تۇرۇش ۋە ئۇنى تەتبىقلاش تازا يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى بار، ھەم بەزى ئەنئەنىۋى نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ، ئاجىزلىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئىدىيىدە گاڭگىرىتىپ قويۇش مەسىلىسى تېخىمۇ بار، دەرۋەقە خىزمىتىمىزدىكى يېتەرسىزلىكنىڭ كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاش مەسىلىسىمۇ بار. بۇ ھال بىزدىن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەسىلە يۈز بېرىشتىكى سەۋەبنى ۋە مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرگە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولىنى ۋە ئىستىقبالىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر مۇشەققەتلىك ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدۇر. مەيلى كىشىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۈيۈشتۈرۈشتا بولسۇن، ياكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتا بولسۇن، بىزنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرىمىز ۋە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىمىز مۇشۇنداق ئىلمىي تەتقىقاتنى ئاساس قىلىشى كېرەك.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىزنىڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىمىزدا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىزدە، ئىدىيىنى نېمە بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش دېگەن بىر مەسىلە بار. بىز ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئېقىم، ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ بەس-بەستە سايرىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. لېكىن سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە بولسا ھەركىم ئۆزىنىڭكىنىلا سۆزلىسە بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى ئىدىيە-ۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدەپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، روھىي كەيپىياتلارنى ئۇرغۇتۇپ، زىددىيەتلەرنى پەيدىنپەي ھەل قىلىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش كېرەك. دېمەك، نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمەتچىلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك فاڭجېن-سىياسەتلەرنى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ئەينەن ئۇقتۇرۇشى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تايانچ قىلىپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە ئورتاق تونۇشقا كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## (3)

نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، شەكىل بىلەن مەزمۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، دېموكراتىيە پرىنسىپىدا ۋە يېتەكلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىش، كىشىلەرنى چۈشىنىش، كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش، كىشىلەرنى داۋلى بىلەن قايىل قىلىش، مېھىر بىلەن تەسىرلەندۈرۈش كېرەك. ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جانلىق، جۇشقۇن بولغان، ئامما ياخشى كۆرىدىغان شەكىلنى قوللىنىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

تارىخىي ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەڭ ئۈنۈملۈكتۇر. بۇ يىل پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىدۇر. مەركىزىي كومىتېت 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، خاتىرە پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان-ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جۇڭگو قايسى يولغا ماڭىدۇ دېگەن زور تارىخىي پەيت، 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە سىياسىي ۋەقە يۈز بەرگەن زور تارىخىي پەيت ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن جۇڭگو قانداق بايراق كۆتۈرىدۇ، قانداق يولغا ماڭىدۇ دېگەن زور تارىخىي پەيتتىن ئىبارەت ئۈچ زور تارىخىي پەيتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتۇق، دۆلەت قىياپىتىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىش بولدى، ھەممە ئادەم بۇنى بىۋاستە ھېس قىلدى. بىز بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك، چوڭقۇر ۋەزىيەت تەربىيىسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش تەربىيىسى ۋە ئالاقىدار فاڭجېن-سىياسەت توغرىسىدىكى تەربىيىنى ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بىز كىشىلەرنى خەلقئارادىكى ئومۇمىيەت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئومۇمىيەتنى ئاساس قىلىپ، نەتىجىلىرىمىزنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى، ئۇنى چوقۇم ئىنتايىن قەدىرلەش كېرەكلىكىنى تونۇۋېلىشقا؛ كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى چوقۇم يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇۋېلىشقا؛ بىز تاللىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنىڭ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ئورتاق بېيىتىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا چوقۇم قىلچە تەۋرەنمەي

چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇۋېلىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تەشۋىق-تەربىيىمىز مەسىلە ۋە زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماي، پارتىيە ۋە دۆلەت تەرەققىياتىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەت ۋە تارىخىي تەجرىبە-لەرنى ئاساس قىلىپ، كىشىلەرگە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ نۇرلۇق مەنزىلىنى كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم.

نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب بولۇشى لازىم. رېئال تۇرمۇشتا بىر شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەرقانداق زىددىيەت ۋە مەسىلىگە تاقالماي، ھۆججەتتىكىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش، ئەينەن ئوقۇپ بېرىشكە تايىنىپ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلىگەندە، ئەمەلىي ئۈنۈم بەرمەيدۇ؛ يۈزەكى ئىش قىلىپ، شەكىلۋازلىق قىلغاندا، ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى خەلققە جاپا سېلىپ، مال-مۈلۈككە زىيان يەتكۈزىدۇ؛ تىل تېتىقسىز، ئادەتتە رەسمىلىشىپ قالغان سۆز كۆپ بولۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت قۇرۇق ۋەز ئېيتىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغاندا، ماركسىزم نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى بۇزىدۇ. بىز بۇنداق يامان ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبلارنى قەتئىي تۈزىتىپ ۋە تۈگىتىپ، ئامما قوبۇل قىلىدىغان ۋە قايىل بولىدىغان نەزەرىيە ئارقىلىق ئامما ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى، ئامما ئاڭلاپ چۈشىنىدىغان تىل ئارقىلىق ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان داۋلىنى چۈشەندۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىمىز چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋاقتىدا جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئاخىرقى بىر مەسىلە، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز يەنە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاممىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت-نى ئىشلەشنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەجانىدىللىق بىلەن ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىز لازىم، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "بىزنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايى قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشىمىز زۆرۈر، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق زەربە بېرىمىز، لېكىن زەربە بېرىش بىلەنلا مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، تۈپ مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنىڭ يولى — ئىككى قاتلاش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 181-بەت) تۆت ئاساسىي پرىنسىپ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىملىقى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: "سوتسىيالىزمغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنى ئاخىر قايىل قىلىش ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق." (يۇقىرىقى كىتاب، 420-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىزنىڭ بۇگۈنكى كۈندە نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىزدە مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

شۇنى كۆرۈش لازىمكى، بىز ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرسەكلا، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلە-سەكلا، جۇملىدىن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشىلىساقلا، كادىرلار ۋە ئاما ئىچىدىكى چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇستەھكەم ئاساسقا ۋە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ھالبۇكى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى بۇ نۇقتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈش كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا، خەلقىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان مۇھىم تاپشۇرۇقى ۋە بىزدىن كۈتكەن ئارزۇسى يەردە قالمايدۇ.

**(ئاپتور: مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن رەھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

10>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:2.40元 邮政编码100013